قەتئىي ھالدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە «ياق» دەيمەن

☐ تۇرپان شەھەرلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى خالىتخان تۆمۈر

مېنىڭ ئىسمىم خالىتخان تۆمۈر، داشۆ تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ھازىر تۇرپان شەھرىدىكى بىر ئىنگلىز تىلى تەربىيەلەش مەكتىپىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى. يېقىندا مەن تېلېۋىزور، گېزىتلەردىن بىر قىسىم ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا پەسەنت قىلماي، شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە ھە دەپ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن غەزەپلەندىم. تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي.

مەن تۇرپاندا تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراتقان ئالاھىدە ئېتىبار سىياسىتى بولغاچقا، ئارزۇيۇم بويىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر داشۆسىگە ئۆتتۈم ھەم ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردۈم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن ئوڭۇشلۇق ھالدا بىر كارخانىدا خىزمەت تېپىپ مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدۇم، ئەينى چاغدىكى تۇرمۇشۇم ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. كېيىن باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم ھەم مۇھەببەتلەشتىم. 2012 ـ يىلى، ئۇ چەت ئەلگە چىقماقچى بولدى، مۇھەببەت ئۈچۈن، مەن مېنى تۇغۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ، ۋەتەن قوينىدىن ئايرىلىپ، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش خىيالىدا بولۇپ چەت ئەلگە چىقىش يولىغا قەدەم قويدۇم. ھالبۇكى، ئويلىمىغان يەردىن، قاباھەتلىك چۈش مانا مۇشۇنداق ئاستا ـ ئاستا باشلاندى. بۇ جايدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى يامرىغان بولۇپ، ئەرلەرنىڭلا سىرتقا چىقىپ پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى بېقىشىغا يول قويۇلىدىكەن، ئاياللارنىڭ يۈزىنى ئوچۇق قويۇشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدىكەن. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ تېرىككەك، ئادەمگە ئارىلاشمايدىغان بولۇپ، مېنىڭ كىيىنىشىم، سىرتقا چىقىشىم قاتارلىقلارنى مەجبۇرىي چەكلەشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ گۈزەل چىرايىم، ئۇزۇن چاچلىرىمنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، مۇشۇنداق دىنىي ئەسەبىزىم كەيپىياتى قويۇق بولغان دۆلەتتە ياشاپ، مەن بارا ـ بارا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن يۇقۇملىنىپ، ھەمىشە «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەننى ئويلايدىغان بولدۇم.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ بىزنى زەھەرلىشىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەببەت ئەمدى مۇھەببەت بولماي قالدى، قېرىنداشلىق مېھرىمۇ مەندىن يىراقلاشتى، مەن ئۆزۈمنى يۆلەنچۈكسىز ھېس قىلدىم، تۇرمۇشتا شۇنچىلىك گاڭگىراپ، ھەر كۈنى خۇددى تىرىك مۇردىدەك دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشىدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمنى ئەسلىسەم، دۆلەت ھەر يىلى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا 3000 يۈەن ياردەم پۇلى بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەننىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغانىدى. ئەينى چاغدا، مەندە پەقەت پۇشايمانلا قالغانىدى، مەن نۇرغۇن قېتىم كۆڭلۈمدە ئۆزۈمدىن شۇنداق سورىدىم: مەن مۇشۇنداق تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى ئويلىغانمىدىم، تۇرمۇشۇمدىكى بەختسىزلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشى مېنى ۋەتەنگە قايتىش نىيىتىگە كەلتۈردى، مەن ئۆيگە قايتىمەن! مەن بۇ بەختسىز مۇھەببەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قوينىغا قايتىمەن!

2015 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم، چەكسىز سېغىنغان يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم، بىراق مەندە يەنىلا بۇرۇنقى ئېرىم بىلەن بىللە ياشىغان چاغدىكى ئادەتلىرىم ساقلىنىپ قالغانىدى، ئادەتتە باشقىلار بىلەن ناھايىتى ئاز ئۇچرىشاتتىم، كىيىنىشىممۇ باشقىلارغا روشەن ئوخشىمايتتى، زامانغا لايىق نورمال تۇرمۇشقا سىڭىپ كىرىشىم ناھايىتى قىيىن بولدى، مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمىدىم. تاكى 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايغا كەلگەندە، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەندىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاندىن تەلتۆكۈس ئۆزگەردى.

مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ھەم داشۆگە، ھەم يەسلىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئالدى بىلەن، ئۇنى داشۆ دەيمەن، چۈنكى بۇ يەر مەن ئۈچۈن بىلىم دېڭىزى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار، قانۇن كەسپكارلىرى، نوپۇزلۇق كەسپ تېخنىكلىرى سەپلەنگەن. مەن ھەربىر سائەتلىك دەرسنى، مۇئەللىمنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئىنتايىن قەدىرلىدىم. دەرستىن كېيىن، مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن ۋاسكېتبول، ۋالىبول ۋە تىكتاك توپ ئوينىدىم، بىللە ناخشا ئېيتتىم، ئۇسسۇل ئوينىدىم. ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن ياتاقداشلىرىم بىلەن بىللە تېلېۋىزور كۆرۈپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋەرلەرنى ئىگىلەپ، بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتتۇق، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مېنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ پاتقىقىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل تارتىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇنى يەسلى دەيمەن، چۈنكى بۇ يەردىكى تاماق، ياتاق، ئۆگىنىش ھەممىدە ئاساسىي داۋالاش پۈتۈنلەي ھەقسىز؛ ھەممە تۈرلۈك تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق، ياتاقلارغا بىرتۇتاش رادىيو، تېلېۋىزور، ھاۋا تەڭشىگۈچ سەپلەنگەن، مەكتەپتە ۋاسكېتبول مەيدانى، ۋالىبول مەيدانى، تىكتاك توپ مەيدانى قاتارلىق پائالىيەت سورۇنلىرى ياسالغان؛ مەكتەپتە يەنە داۋالاش ئۆيى بار، مەخسۇس دوختۇر سەپلەنگەن بولۇپ، ھەر كۈنى 24 سائەت بىزنى ھەقسىز داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، كىچىك كېسەللەرنى داۋالاش ئۆيىدىلا داۋالايدۇ، چوڭ كېسەلنى تېز سۈرئەتتە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇپ داۋالايدۇ. ئىشىمىز بولسا رۇخسەت سورىساق بولىدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆيدىكىلەر بىلەن تېلېفونلىشالايمىز، سىنلىق پاراڭلىشالايمىز.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن ئاتالمىش «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەننىڭ نەقەدەر بىمەنىلىك ۋە نادانلىق ئىكەنلىكىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تونۇپ يەتتىم، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رەزىل ماھىيىتى ۋە رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇردۇم. ھازىرقى مەن، يەنە ئاشۇ قەلبى ئۈمىدكە تولغان ئۆزۈمگە قايتتىم.

مېنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرگىنى شۇكى، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن مەزگىلدە، مەھەللە كادىرلىرى دائىم ئۆيۈمگە كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئۆيىمىزگە گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بېرىپتۇ. مەھەللە كادىرلىرى يەنە قەرەللىك ھالدا ئائىلىمىزدىكىلەرنى سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇرۇپ، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن تولۇق بەھرىلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىپتۇ. ھەر قېتىم بۇلارنى تىلغا ئالغاندا، ئاتا ـ ئانام ھەمىشە ئىختىيارسىز ياش تۆكىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشىگە تېخىمۇ چىن قەلبىمدىن مىننەتدار بولدۇم، بۇ ئىللىقلىقنى مەن چەت ئەلدە تۇرغان ئۈچ يىلدا ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن تۇرپان شەھرىدىكى بىر تەربىيەلەش ئاپپاراتىدا ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتتۈم، ھەر كۈنى ۋەتەننىڭ گۈل ـ غۇنچىلىرىغا يۈزلىنىپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى ئۆگەتتىم. دەرس ئۆتۈش جەريانىدا، مەن بىر قىسىم قانۇن بىلىملىرىنى ۋە دىنىي ئەسەبىزىمنىڭ خەۋپىنى قىستۇرۇپ سۆزلەپ، ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق، باللارغا كىچىكىدىن تارتىپلا ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ خەۋپىنى ئېنىق تونۇتتۇم.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەقىقانىيەت كىشىلەر قەلبىدە. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ماڭا ئوخشاش دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تەرىپىدىن زەھەرلەنگەن نۇرغۇن ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالدى، بىزنى تېررورىزىم ۋە ئەسەبىزىمنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىسىغا ۋە قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. چەت ئەلدە ئەتىگە ئىشەنچ قالمىغان، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يوق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى: باشقا جاي ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ياخشى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ياخشى

☐ ئاتۇش شەھەرلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى
تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئامىنە ياسىن

مېنىڭ ئىسمىم ئامىنە ياسىن، شىنجاڭ ئاتۇش شەھرىدە تۇرىمەن، مەن بەختلىك تۆت جان بار ئائىلىدە چوڭ بولدۇم، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام دۆلەت كادىرى، ئاتا ـ ئانام كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىزگە دۆلەتكە، جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى.

لېكىن 2016 ـ يىلى، قانۇن ئېڭىم ئاجىز بولغانلىق سەۋەبىدىن، دوستۇمنىڭ تويىغا قاتناشقاندا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز دائىم بىللە يىغىلىپ، پاراڭلىشىپ، كۆپ قېتىم تېلېفون ئارقىلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى تارقاتقان ئۈن ـ سىنلارنى ئاڭلىدۇق، كۆردۇق. شۇ مەزگىلدە، مەن ھەر كۈنى ئاشۇ ئاتالمىش «دوستلار» بىلەن بىللە «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولۇپ جەننەتكە كىرىش»نى ئارزۇ قىلدىم. مېنىڭ قىلمىشىم بارغانسېرى غەلىتىلەشتى، بارغانسېرى ئەسەبىيلەشتى، بۇرۇنقى بەختلىك تۇرمۇشۇممۇ مەندىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى.

2017 ـ يىلى، مەن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەندىم. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىنىپ ئىگىلىگەنلىكىم ئۈچۈن، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن ئوڭۇشلۇق ھالدا بىر تەلىم ـ تەربىيە ئاپپاراتىدىن خىزمەت تاپتىم، ئايلىق كىرىمىم 3500 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدۇم، تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ياخشىلاندى. مەن دائىم باللارغا يەيدىغان نەرسە، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەردىم، مېنىڭ كىيىنىشىممۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، كىيىملىرىم رەڭگارەڭلىشىپ، ئۆزۈممۇ روھلىنىپ قالدىم.

يېقىندا مەن خەۋەردىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلىغانلىقىنى كۆردۈم، بۇ ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك ئەمەسمۇ؟ مەن ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان، ئەگەر ھۆكۈمەت مېنى ۋاقتىدا تەربىيەلەپ قۇتقۇزماي، مېنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىنىڭ تۈيۈق يولىغا كىرىپ قېلىشىمغا يول قويغان بولسا، ئائىلەمدىكىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلەتتىم، شۇنداقلا نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزەتتىم. ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىسام، ئىنتايىن پۇشايمان قىلىمەن ۋە قورقىمەن. ھازىر ئوخشىمايدۇ، مەن نېمىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلمىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، مەن ئۇلاردىن يىراق تۇرىمەن! مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن قانۇن بىلىملىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمنى قوغدايمەن، ھۆكۈمەت مېنى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋالدى، مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ يەردە، مەن ئۇنلۇك ئاۋازدا شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلىغان يامان نىيەتلىك بار ئاشۇ كىشىلەرگە شۇنداق دەيمەنكى، سىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ ـ يوق؟ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامېنىڭ تېررورىزىم كۈچلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەنمۇ ـ يوق؟ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ بىز تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرگەنمۇ ـ يوق؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئايلىنىپ بېقىپ، كۆرۈپ بېقىپ، بىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەلب ساداسىنى ئاڭلاپ بېقىپ ئاندىن خۇلاسە چىقىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇھىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئامېنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى ئېغىر دەپسەندە قىلىندى. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىزىمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ زىچلاشتى، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ياخشى بولدى، پۇقرالار كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلمەكتە.

مەن چۈشىنەلمىدىم، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللايدۇ؟ مەن ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلاردىن سوراپ باقاي، سىلەر تېررورىزمغا مەدەت بېرىپ يانتاياق بولۇۋاتامسىلەر؟ بىزنىڭ شىنجاڭنى قالايمىقان قىلماقچىمۇ؟ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىناق، مۇقىملىقى تەستە قولغا كەلگەن، شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىگە بىز شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېگىنى ھېساب. ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار، سىلەر ئەمدى جۇڭگو شىنجاڭغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقماڭلار، ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»نى باھانە قىلىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك سېلىشنى خام خىيال قىلماڭلار، بىز ھەرگىز ئالدانمايمىز.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئادەم تەربىيەلەپ قۇتقۇزىدىغان جاي

☐ كېرىيە ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسى ياسىن مەتتۇرسۇن

مېنىڭ ئىسمىم ياسىن مەتتۇرسۇن، بۇ يىل 35 ياش، خوتۇنۇمنىڭ ئىسمى ھاۋاگۈل ئىسلام، كېرىيە ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى. نۆۋەتتە، خوتۇنۇم ئىككىمىز يۇرتىمىزدا ئاچچىق ـ چۈچۈك يېمەكلىك دۇكىنى ئېچىۋاتىمىز، گەرچە كۈندە ناھايىتى جاپالىق ئىشلەۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن بىر ئائىلە كىشىلىرى ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىمىز.

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندىم، بۇ پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىك. شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە سىياسىتىنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىدە تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزىم، بۆلگۈنچىلىكنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسى، خوتۇنۇم ھاۋاگۈلنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كىرگەندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشى ئامېرىكا تەرەپنىڭ خالىغانچە بوھتان چاپلىشىغا قىلىنغان ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە. ئىلگىرى ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن بولۇپ، مۇقىم كىرىمىمىز يوق ئىدى. خوتۇنۇم ھاۋاگۈل دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، كاللىسى بىر قىسىم دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلاردىن ئاڭلىۋالغان سەپسەتىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، ئادەتتە ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگىمۇ بارمايتتى، ئاتا ـ ئانامغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرى ۋە ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىشىپمۇ بەرمەيتتى، كېلىننىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئادەتتە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، باللارنىڭ ئۆگىنىشى، تۇرمۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتى، يەنە تېخى باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا قارشى تۇراتتى. بالا ئاغرىپ قالسا، ئۇ يەنە مېنىڭ بالىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىشىمغا قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمەت قۇرغان دوختۇرخانا «مۇسۇلمانچە» ئەمەس، ئەگەر ئاپارساق، بالىغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ جۆيلۈيتتى. مەن ئۇنىڭ ئېرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىرمەھەل ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىمنى يوقاتقانىدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ خوتۇنۇمغا ئوخشاش دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، مەن ئائىلىمدىكىلەر بىلەن بىللە خوتۇنۇمنى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلدۇق.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ھاۋاگۈل دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ئاشپەزلىك ماھارىتىنىمۇ ئۆگەندى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، خوتۇنۇم خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، مەن ۋە ئائىلىمدىكىلەرنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېمەيلا قوياي، قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزمۇ بارغانسېرى ئىناق بولۇپ كەتتى.

ئىلگىرى مەن سىرتقا چىقىپ پۇل تاپماقچى بولسام، ھاۋاگۈل ھەمىشە سوراپمۇ قويمايتتى، خۇددى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك يۈرەتتى. ھازىر، ھاۋاگۈل مەسئۇلىيەتچان بولۇپ كەتتى، ئۇ ھەر كۈنى ماڭا: بەخت ئۆزىمىزنىڭ قولىدا، جەزمەن ئۆزىمىزنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ تىرىشىپ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، باللارنى ياخشى ئوقۇتۇپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشىمىز كېرەك، دەيدۇ. بىر قېتىم مەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئانام تۇيۇقسىز ئاغرىپ قاپتۇ، خوتۇنۇم دەرھال قولىدىكى ئىشىنى قويۇپ، ئانامنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسىلىنى كۆرسىتىپ، ئوكۇل سالدۇرۇپتۇ، كەچتە قايتىپ كېلىپ يەنە ئانامغا سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرىپتۇ. ئانام ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن كەچلىك بازارغا بېرىپ، دۇكان ئاچقاچ باللارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىپتۇ. گەرچە شۇ كۈنى ئۇ ناھايىتى جاپا تارتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ئازراقمۇ ۋايسىمىدى، ماڭا بىر قېتىممۇ تېلېفون قىلىپ ئانامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتمىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئانام ماڭا بۇ ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، مەن ناھايىتى تەسىرلەندىم. شۇ چاغدا ئانام سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى، يەنە تېخى پەخىرلەنگەن ھالدا ماڭا: كېلىنىمدە بەك چوڭ ئۆزگىرىش بوپتۇ، پەزىلەتلىك ياخشى كېلىنگە ئايلىنىپتۇ، دېدى.

مانا بۇ خوتۇنۇم ھاۋاگۈلنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى. مېنىڭ قەلبىمدە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئادەم تەربىيەلەپ قۇتقۇزىدىغان جاي، نورمال بولمىغان ئادەمنى نورمال ئادەمگە ئايلاندۇرىدىغان جاي، قانۇننى بىلمەيدىغان، قانۇننى چۈشەنمەيدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان ئادەمنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرىدىغان جاي. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى، ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «جازا لاگېرى» ئەمەس.